## 203789 ـ ئىسرا ۋە مىراج ۋەقەلىكىدىكى يالغان خەۋەر توغرىسىدا

### سوئال

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مىراجدىن قايتقاندا ياتىدىغان ئورنى تۇرغان ۋاقىتتىكىدەك ئىسسىق ھالەتتە ئىدى، دۇم قىلىنغان قاچىدىكى سۇ تامچىلاپ تۇرغان، ئىشىكنىڭ زەنجىرسى ئۆيدىن چىققان ۋاقىتدا لىڭشىپ تۇرغانچە قايتىپ كەلگۈچە شۇنداق تۇرغان دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ قۇرئان–ھەدىستىن ئاساسى بارمۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە–تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

يۇقىرىدىكى سوئالدا بايان قىلىنغان، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مىراجدىن قايتقاندا ياتىدىغان ئورنى تۇرغان ۋاقىتتىكىدەك ئىسسىق ھالەتتە ئىدى، دۇم قىلىنغان قاچىدىكى سۇ تامچىلاپ تۇرغان، ئىشىكنىڭ زەنجىرسى ئۆيدىن چىققان ۋاقىتدا لىڭشىپ تۇرغانچە قايتىپ كەلگۈچە شۇنداق تۇرغان دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ قۇرئان–ھەدىستىن ئاساسى بارلىقىنى بىلمەيمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرىنىشىدىنلا يالغانلىقى چىقىپ تۇرىدىغان بۇنداق سۆزلەرنى ھىكايە قىلىپ سۆزلەش توغرا بولمايدۇ.

بىز لۇغەتشۇناس ئالىملارنىڭ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ياتىدىغان ئورنىنى (ئەلمەلائە) دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىغانلىقىنى بىلمەيمىز، چۈنكى بۇ سۆز ئەرەپ تىلىدا: يېپىنىدىغان نەرسە ياكى كىيىم دېگەنگە ئىشلىتىلىنىدۇ. ["لىسانۇل ئەرەب" 1–توم 160–بەت، ۋە "ئەننىھايە 4–توم 352–بەتلەرگە قارالسۇن].

ئۇستاز شۇقەيرىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىدە مىراجغا چىقىپ قايتىپ كەلگۈچە ياتىدىغان كۆرپىسى ئىسسىق تۇرغان دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى يوق، بەلكى ئۇ كىشىلەرنىڭ توقۇۋالغان يالغان سۆزلىرىدىن ئىبارەتتۇر". ["ئەسسۇنەن ۋەلمۇبتەدىئات" 143–بەت].

شۇنىڭدەك تارىخ كىتابلىرىدىمۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكنى ئېتىپ قويىدىغان زەنجىرى بارلىقى بايان قىلىنمىغان. ئۇ ۋاقىتلاردا ئاساسەن ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى بولمايتتى. ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇئەنھۇ ئاللاھ تائالانىڭ لَّيْسَ عَلَى الْأَعْمَىٰ حَرَجٌ وَلَا عَلَى الْأَعْرَجِ حَرَجٌ وَلَا عَلَى الْمَرِيضِ حَرَجٌ وَلَا عَلَىٰ أَنفُسِكُمْ أَن تَأْكُلُوا مِن بُيُوتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ آبَائِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أُمَّهَاتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ إِخْوَانِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أَخَوَاتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أَعْمَامِكُمْ أَوْ بُيُوتِ عَمَّاتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أَخْوَالِكُمْ أَوْ بُيُوتِ خَالَاتِكُمْ أَوْ مَا مَلَكْتُم مَّفَاتِحَهُ أَوْ صَدِيقِكُمْتەرجىمىسى: ئى ئىنسانلار! سىلەر ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا (يەنى ئەرلىرىڭلارنىڭ، ئاياللىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە)

ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ئانىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ھەمشىرەڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاتاڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا سىلەر ئاچقۇچلىرىنى باشقۇرىدىغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە (يەنى ئۆي ئىگىسى سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئۆي بىلەن ئاچقۇچنى سىلەرگە تاپشۇرغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە)، يا دوستلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە (ئىجازەتسىز) بىرەر نېمە يېسەڭلار گۇناھ يوقتۇر. [سۈرە نۇر 61-ئايەت].

تەبەرىي رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: "ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا شۇنداق بولغان، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكى يوق بولۇپ، ئىشىكنىڭ ئورنىغا ملەڭزە ياكى پەردە تارتىپ قوياتتى."["تەپسىر تەبەرىي"19-توم 221-بەت].

يەنە سوئالدا بايان قىلىنغان ئۇ سۆزنىڭ ئەسلى يوق باتىل ئىكەنلىكىگە ئىمام بۇخارىنىڭ 3342-نومۇرلۇق ۋە ئىمام مۇسلىمنىڭ 163- نومۇرلۇق ھەدىسى دەلىل بولالايدۇ. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزلەپ بەرگەن ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مەن مەككىدە تۇرغان ۋاقتىمدا ئۆيۈمنىڭ تورىسىدىن بىر تۆچۈك ئېچىلىپ جىبرائىل ئەلەيھىسسالام چۈشتى، مېنىڭ مەيدەمنى يېرىپ زەمزەم سۈيى بىلەن يۇدى، ئاندىن ئىمان ۋە ھېكمەت بىلەن تولغان بىر ئالتۇن قاچىنى ئېلىپ كىلىپ ئۇنى مەيدەمگە تۆكتى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەيدەمنى ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈردى، ئاندىن مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ مېنى ئاسمانغا ئۆرلىتىپ چىقىپ كەتتى..... بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مىراجغا چىققاندا ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن چىقماستىن بەلكى بىۋاستە ئۆيىنىڭ تورىسىدىكى تۆشۈكتىن ئۆرلىگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.